# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالقىلىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، «ئۈچنى قىلماسلىق»نى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش تۈزۈلمە - مېخانىزمى بەرپا قىلىشنىڭ ئېچكى تەلپى. ھېچقانداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىر قولدا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇش، يەنە بىر قولدا پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ رەزىللىكنى جازالاشتا ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان ياخشى سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ تىپىك دېلو مىساللىرىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، چىرىكلىشىشنى رەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ سىياسىي ئۇلى ۋە ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك. جەزمەن پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى باش ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ جەزمەن غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، دۇنيا قاراش، كىشىلىك ھايات قارىشى، قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت بۇ «باش كەيگۈەن» مەسىلىسىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش؛ جەزمەن جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، قەتئىي تۈردە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، جۇڭخۇا مىللىتى بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك. جەزمەن ئىنتىزام قارىشى ۋە قائىدە ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر ۋاقىت ئەيمىنىشنى ساقلاش، تۆۋەن چەكنى قاتتىق ساقلاش؛ جەزمەن ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت تۈيغۇسى ۋە بۇرچ تۈيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك. «ئىككى مەسئۇلىيەت»نى چىڭىتىپ، بىرلەشتۈرۈش، ماسلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ شۇجىسى بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى، بەنزە ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئادا قىلىشى؛ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلىشى، دەل جايىدا نازارەت قىلىشى، ئىجادىي نازارەت قىلىشى كېرەك. كۆندىلىك باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، «تۆت خىل ھالەت»تىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. باشتىن - ئاخىر ئىنتىزامنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، بالدۇر تۇتۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇپ، بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىپ، كادىرلارنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىش كېرەك. يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. چەكلەنگەن رايون بولماسلىق، تولۇق قاپلاش، قىلچە يول قويماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، توسۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى كۈچەيتىش، ئۈزاققىچە چۆچۈتۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قىلچە يول قويماسلىق ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەسلىك، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش سالمىقىنى قىلچە ئاجىزلاشتۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تۈزۈم مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىپ، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمنى قەتئىي قوغداپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئادا قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارى، چاقىرىق ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئاساسىي قانۇندا يۈكلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئورۇنلاشتۇرما - تەلپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجىنىڭ قايتۇرغان جاۋاب خېتى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇق قىلغانلىقى بىلەن تولغان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ قايتۇرغان جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پائال، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىمىز.

«باش شۇجىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى بىزنى ئىنتايىن روھلاندۇردى. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى يېتىلدۈرۈشى، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى، پائال ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنى ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلىشى كېرەك.» شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش شۆيۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى يۇخۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجىنىڭ جېنىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى دەل جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېتەكچىلىكى ۋە ئەڭ ئۈللۈق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرى، كەسپىي ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە كەسپتىن مەسلىھەت بېرىش بىلەن ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى توختاتماسلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئۈزۈپ قويماسلىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە ئەزالىرى، مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار، «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتىدىن نۇقتىغا ئادەمگە قاراپ تەدبىر يۈرگۈزۈپ، خاسلىققا ئىگە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بالدۇر ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، ياخشى ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىمىز.

باش شۇجىنىڭ قايتۇرغان جاۋاب خېتىنى ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى باتىر مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى.

«باش شۇجىنىڭ قايتۇرغان جاۋاب خېتى كەڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپلا قالماي، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.» باتىر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئېتىبار سىياسەتلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياندىش كاپالەت تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كۆپ خىللاشقان، خاسلىققا ئىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىنجاڭدا يىلتىز تارتىشى، خاتىرجەم خىزمەت قىلىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىشى ئۈچۈن سۇپا قۇرۇپ، شارائىت ھازىرلاپ، كاپالەت بىلەن تەمىنلەيمىز. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشقا، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ تالانتىنى نامايان قىلىشقا، تۆھپە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز».

«بىز تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا تەدبىرلەر ئارقىلىق، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەيمىز.» قەشقەر ۋىلايەتلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى يالقۇن ئاۋۇت مۇنداق دېدى: قەشقەر ۋىلايىتى بالدۇر پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، توردا ۋە تور سىرتىدا تەكلىپ قىلىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۈنۈملۈك ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى دەل جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، سىياسەت ئارقىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىنى ئاساسىي قاتلامدا تۆھپە يارىتىشقا يېتەكلىدى.

«بىز دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلارغا ئايلىنىشى ئۈچۈن سۇپا ھازىرلايمىز» دېدى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ لجيەن.

**(مۇخبىر جاۋ شيا، قاتناشقان مۇخبىرلار لى چۈنشيا، خەن چىنيەن، شى شىن، پىراكتىكانت جياڭ يىياۋ)**

# ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايون 2020 - يىللىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا 2019 - يىللىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە - ئۈنۈم ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلەندى، 2020 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2019 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشى قوزغىتىلىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، جەمئىي 316 مىڭ 295 ئائىلىلىك(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىشنى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگۈزۈش ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، 4 مىليارد 600 مىليون يۈەنلىك ياندىش ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، شۇ جايدىكى يېزا ئاممىسىنىڭ قىش پەسلىدىكى ئىسسىنىشى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، ئۇل ئەسلىھەلەردىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى مۇقىم كېڭەيتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا پائال تۆھپە قوشۇلۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئادىل، ئومۇمىي مەنپەئەتدار بولۇش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەپ، ياندىش ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنى چىڭىتىپ، كۆپ تەرەپتىن تور مەبلىغى غەملەپ، 2020 - يىللىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش(1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ياخشى ئىشنى پۇختا قىلىش، ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلۇش سۈپىتى، ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە بۇ قۇرۇلۇشنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان مۇھىم، زور خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئارزۇگۈل شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنى پۈتكۈزگەن بولۇپ، بۇ يىل 4 - ئايدا، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكى، ياردىمى - يۆلىشى بىلەن مەكتەپ تەشكىللىگەن توردا قوش تاللاش يىغىنىغا قاتناشقان، كارخانىلار بىلەن توردا ئالاقىلىشىش، باھالاش، يۈزتۈرا ئىمتىھانغا قاتنىشىش قاتارلىق ھالقىلار ئارقىلىق، ئۇ تەكشۈرۈپ باھالاشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ خىزمەتكە كىرگەن.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 89 مىڭ 300 نەپەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئالاقىدار چارىلەرنى چىقىرىپ، ئالاقىدار تارماقلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چوڭ بازىرىنى پائال تەشكىللەپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى، تېنى مېيىپ قاتارلىق ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» بويىچە تۈرگە ئايرىپ ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەڭ زور چەكتە تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلغان. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «24365 تەكلىپ قىلىش سۇپىسى»، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ «10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتى» «شىنجاڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تورى» «شىنجاڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سۇپىسى» ۋېيشىن كىچىك پروگراممىسى قاتارلىقلار بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار پائال ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلىنىپ، تور دىكى تور سىرتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بالدۇرراق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئەڭ زور چەكتە ياردەم بېرىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر توردا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش دەرسى، باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنى، كەسپىي ھاياتنى پىلانلاش مۇسابىقىسى ھەمدە مۇتەخەسسىسلەر لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۆز كەسپىنىڭ ئىختىساسلىقلار ئېھتىياجى ۋە ساھەسىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالىغا توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتە تەكلىپ قىلىش، توردا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، پائال تۈردە «چاقىرىق بويىچە ئەسكەر بولۇش»، «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش»كە قاتنىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدە كۆپ خىل يول بىلەن جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.